ئەخمەتجان ئوسمان

# ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى

2

نجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەخمەتجان ئوسمان

# ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى



شنجاڭ ياشلار- ئۆسمۆرلەر نەشرياتى

شېئىر يازغىن، ئۇپۇق چېقىلسۇن،
ئۇندىن يېڭى دۇنيا ئېچىلسۇن.
ئۇيقۇسىدىن تۇرسۇن مۇساپە،
ئۆچۈپ قالغان كۆزلەر يېقىلسۇن.

—— ئەخمەتجان ئوسمان

www.uyghurkitap.com


مەسئۇل مۇھەررىرلىرى : ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەركىن ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى : ئابلىز ئابباس

ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى

ئاپتورى : ئەخمەتجان ئوسمان

*

شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9- قورۇ: پ: 830002)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 × 787 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 3.25
1992- يىل 11- ئاي 1- نەشرى
1992- يىل 11- ئاي 1- بېسىلىشى
ISBN 7 – 5371 – 1036 – 0 / I · 361
سانى: 1 — 3100
باھاسى: 1.80 يۈەن



ئەخمەتجان ئوسمان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاپتور ھەققىدە

ياش شائىر ئەخمەتجان ئوسمان 1964-يىلى ئۈرۈمچى ۋېيخۇلياڭ كان رايونىدا بىر ئىشچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1981-يىلى 9-ئايدا شىنجاڭ داشۆسىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندى. 1982-يىلى 10-ئايدا، دۆلەت مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن سۈرىيە دەمەشق داشۆسى تىل-ئەدەبىيات شۆبىسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. ئۇ ھازىر چەت ئەلدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى.

شائىرنىڭ ئىجادىيىتى دەسلەپتە بالىلار شېئىرى بىلەن باشلاندى، بۇ ھال ئۇنىڭ ھازىرقى شېئىرلىرىدىكى بالىلارچە قىزغىنلىق [illegible] جۇلا بىلەن بېزەلگەن رەڭدار شېئىرىي نەپەسلىكتىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئۇ چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان كېيىنكى مەزگىللىرىدە سۈرىيەدە ئەرەب تىلى بىلەن يازغان «ئىككىنچى يىقىلىش»، «تويلار [illegible]ىسى» قاتارلىق توپلاملىرى نەشر قىلىندى. ئەرەب ئوبزورچىلىرى ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا: «ئولىمپىس مەدەنىيىتى ۋە بۇددا مەدەنىيىتى بىلەن تويۇنغان، يىراق شەرق چوڭقۇرلۇقىدىن كەلگەن بۇ روھ، بىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە يېتىلىپ قويغان سېھىرىمىزنى قايتۇرۇپ بەردى» دەپ باھا بېرىشكەن.

«ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى» — شائىرنىڭ ئانا تىلدا يازغان

تۇنجى شېئىرلار توپلىمى. بۇ شېئىرلار ئۆزىدە ھازىرلىغان ئاجايىپ ئۆزگىرىشچان رىتىم تۇيغۇسى، ئىگاھلارنى غەلىتىلىگۈچى بەدىئىي سىبھرىي كۈچى بىلەن بىزگە تىل مۇناسىۋەتلىرىنىڭ چەكسىز مەنا مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ؛ ھەربىر سۆز، ھەر-بىر باغلىنىش، ھەربىر شەكىل ئۆزگىرىشىدىن بالقىغان ئوبناق شېئىرىي ھالەتتىن شائىرنىڭ ۋەتەنگە، مىللەتكە، ئىنسانىيەتكە بولغان ساپ مۇھەببىتى ۋە ئاشقانە قىزغىنلىقى تېمىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مۇندەرىجە

يېگانە ........................ 1
مۇمكىنسىز ئولجا ........................ 2
چۈش ........................ 3
بۇلۇت ئۈستىدە ........................ 5
ئۆلۈمنى ئىزدەش ........................ 6
روبىنسون كروزو ........................ 7
تەشۋىش ........................ 8
جىنايەت ........................ 9
خاقان ........................ 10
قەدىناس ........................ 12
ھەمىشە ........................ 13
تاڭ ........................ 14
چېقىلىش ........................ 15
چۇقان ........................ 16
قۇشلار ........................ 17
قول ........................ 18
ئابىھايات ........................ 19
ھەر ئاخشىمى ........................ 20
شەھۋەت بەندىسى ........................ 21
ئاشىق لىرىكىسى ........................ 22
ئانا لىرىكىسى ........................ 24

په سلله ر لىرىكسى .............. 26
ئۇيغۇر قىزى لىرىكسى ........ 29
بالىلىق لىرىكسى ........ 33
رەڭلەر لىرىكسى ....... 36
يامغۇر لىرىكسى ........ 38
تاغ لىرىكسى ............ 41
بۆشۈك لىرىكسى .......... 42
تاۋۇت لىرىكسى ......... 44
مالايلار لىرىكسى ........ 46
مەلىكە لىرىكسى ........... 47
لىرىكا .............. 59
دىلبەر لىرىكسى ......... 51
دولقۇن لىرىكسى ........... 53
كىچە لىرىكسى ............. 54
باھار لىرىكسى ............ 55
يىغا لىرىكسى .............. 56
سىنى سورايمەن ............ 57
ئەنجۈر ............. 58
ئاي تونەيدۇ بۇلاقتا ........... 69
شەبنەم ............... 61
يوپۇرماق ............. 62
قەبرە تىشىمغا ............ 63
كىپەن ۋە يۆگەك ........... 64
شامال ۋە ئاي ............ 65
مىڭ بىر كىچە خاتىمىسى ......... 66
ناخشا ئېيتىپ كېلىمەن ئانا ....... 67

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يېڭى چۆچەكلەر ........................ 70
قوشاق ........................ 72
ئويلىنىش ........................ 73
ئۈمىدلىرىم ........................ 77
چوڭقايماس خاتىرىلەر ........................ 78
بەزەن ........................ 80
بالىلىقتىكى ۋەتەن ........................ 83
ئىككى قۇياش قەسىدىسى ........................ 84
كىشىنەيدۇ يۈرەك ........................ 85
قاچان سۆيدۇم سېنى ........................ 86
دولقۇنلايدۇ كۆزلۈك ........................ 88
سۈرگۈن ........................ 89
ئىنتىزار ........................ 90
سادىر يېتىم قالغان بەش بالىسىنى ئىزدەپ ........................ 91

# يېگانه

يېگانه . . .
ئۇلتۇرىدۇ يۆلىنىپ ئايغا ،
مىنۇتلارنىڭ نه‌په‌سلىرى
چېقىلماقتا تىنىقلىرىدا .
يوللار
ئايىغىغا يىقىلىپ تۈنىڭ
تىله‌ر ھىدايه‌ت .
ئالقىنىدا ماگىملار ،
تومۇرىدا يۆگۈرەيدۇ باھار .



# مۇمكىنسىز ئولجا

ھەر كۈنى سەھەر
ئۈۋىسىدىن چىقىدۇ يوللار
ئوۋلاشقا مېنى.

مەخلۇقمەن يوچۇن،
سوئال ئۈنەر ماڭغان ئىزىمدىن...



## چۈش

ئۈگدىدىم
كىرپىكلىرىدە ماگمىنىڭ...

يېرىپ چىقتىم تۇتەك ئىچىدىن،
تاشلاپ ئۇندا
كۆللىرىنى ئىبسىمىنىڭ.
ئۇچۇردۇم
بارچە يوللارنى،
سىزىپ چىقتىم قايتىدىن.
چوققىلارنى تىرىپ تاغلاردىن،
كۆۋرۈك سالدىم—
قىتئەلەرنى ئۇتاشتۇرۇپ.
ئارال قۇرۇپ شامالللاردىن،
توپلىدىم ئاڭا
سەرسان يۈرگەن دولقۇنلارنى.
بۇزدۇم،
يىقىلدى ئالدىمدا ئەرشى ئاسماننىڭ.
كېچە-كۈندۈزنى ئۇغدۇم يېڭىدىن
قىلىپ قوشكېزەك...

ئويغانسام
پەسللەرنى قۇچاقلاپ،
گۈل بەرگىسى ئۈستىدە
كۆردۈم ئۆزۈمنى.



## بۇلۇت ئۈستىدە

يۈرۈپ كېلىمەن
بۇلۇتلار ئۈستىدە
غىڭشىپ چاقماق ئاھاڭىدا،
ئويناپ كېلىمەن
بارماقلىرىمدا بورانلارنى.
ئۇچۇپ كېلىدۇ ئەگىشىپ ماڭا
چۈشۈم قۇشلىرى.
باقىمەن ئاستىمغا
كۆزلىرىدە ماگىملارنىڭ.
كىيگۈزىمەن دەريالارغا
ئاتەشتىن كۆڭلەك،
بوغۇزلايمەن چۆللەرگە دولقۇنلارنى.
يۇلتۇزلارنى تېرىپ ئاسماندىن
قەسىر قۇرىمەن.
ئېچىرقىسام يەيمەن ئۇپۇقنى،
ئەللەيلىسەم
قۇچىقىمدا ئۇخلايدۇ دۇنيا.

# تۆلۈمنى ئىزدەش

... تۇغۇلدۇم شۇنداق،
ئانام تەۋرەتكەن
قەبرەمدىن
سەپىرىمنى ياراتتىم.
ئىزدەيمەن ھېلىغىچە
بۆشۈك ئۈچۈن
تۇغۇمىمغا سۆز بەرگەن
تۆلۈمۈمنى ...



## روبنسون كروزو

چىقىشىم كېرەك
ۋۇجۇدىدىن ئەكس سادانىڭ.
چاقاي ئەمدى بارچە ئەينەكنى،
قالدى ئۇ
كۆرستەلمەي سىرىنى.
ئىزدىشىم كېرەك
مەن ئىستىگەن ئاشۇ تەگرىنى
قىلىشقا سەجدە.

يىرتاي تېرەمنى،
ئۆزۈم ئاڭا قالدى سىغالماي،
كىيىۋالاي ئۆپۈقنى.
كېتىشىم كېرەك
سوئالىمغا سولاپ جاھاننى.
شەيئىلەرنى كۆزىتەي ئەمدى
گۇمان كۆزىدە،
بۇ زامانىنىڭ روبىنسونىمەن،
قورۇپ چىقاي
ئارىلىمنى
ئىككىنچى بىر دۇنيا يۈزىدە.

# تەشۋىش

بۇ دۇنيا
تۆرەلدى بىر تال قوۋۇرغامدىن.
بوغۇزۇمدا بىر ناخشا
تېخىچە...
تەشۋىشىمنى يۈدۈپ كېلىمەن
بۇ يولدا —
ئەلمىساقتىن قىيامەتكىچە.



# جىنايەت

كىرگەندە شەپەق
كارىۋىتىمغا يېقىنلاشقاندا،
كۆردۈم ئويغىنىپ
بوغۇزلانغان چۈشۈمنى
ياستۇق ئۈستىدە.


ناخشا ئېيتار دېرىزە،
شامال چالار تومۇرلىرىمنى.



# خاقان

كه لدىم ھۆركىره پ ...
سورىمىغىن كه لدىم قه يه ردىن.
خالىغانچه ئاتىغىن مېنى،
بوران ده مسه ن،
ئه زرائىلنىڭ ئوبرازى ياكى،
باردىم قومۇرۇپ
ئىمزا قويغان ده ره خلىرىڭنى
كېلىشىمگه.
بارىمه ن يالماپ
خه رىته گنى سىزغان سۇلارغا،
تۇرغۇنلىغان پۇتۇم ئاستىدا
يانجىلماقتا تارازىلىرىڭ.
ئارىسىدا بارماقلىرىمنىڭ
تاشلايمه ن مىجىپ:
مه ن كۆرگىنىم كۆرمىسه مېنى،
مه ن كۆرمىسه م مېنى كۆرگه ننى.
ھېرىپ قالسام،
ئولتۇرىمه ن

چېچەكلەردىن ياساپ تەختىمنى.
كېپىنەكلەر لەشكەرلىرىم ،
قۇرماقتىمەن خاندانلىقىمنى
گۈلدۈرماما، شاماللاردىن . . .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## قەدىناس

ئەي ئۆلۈم...
كەل دوستۇم
ئولتۇر يېنىمدا،
قويۇپ بېرەي ساڭا بىر رومكا.
قەيەرلەرنى كەلدىڭ ئايلىنىپ؟
كۆتۈرۈلۈپ تۇرار يۈزۈڭدىن
زېرىكىشنىڭ ھىدلىرى.
قارا دوستۇم،
چېقىۋەتتىم غايىلىرىمنى،
چاققان كەبى تۈنۈگۈن كىشەنلىرىمنى.
كەل دوستۇم،
ئوقۇپ بېرەي ساڭا بۇ ئاخشام
شېئىرلىرىمنى.

# ھەمىشە

ھەمىشە ...
ئۇخلاشتىن بۇرۇن
ئۆكۈمەن ئەخلەت ساندۇقىغا
ئېسىمدىكى بارچە ئۆتۈقنى.
يېڭى بىر تاڭ چۈشەيمەن ھەمدە
قۇچاقلاپ ئۇپۇقنى.

ھەمىشە ...
يىقىلسام كېچىگە يۆلەر مېنى ئاي،
يىقىلسام كۈندۈزگە قۇياش يۆلەيدۇ.
شەيتان كۆرەر مېنى پەرىشتە،
شەيتان مېنى پەرىشتە دەيدۇ.



# تاڭ

ئويغاتتى مېنى . . .
كۆردۈم چۈشۈمنى، سايرايدۇ
دېرىزىدە.
ئەكىلىمەن
تاڭنى
قولۇمدىن سۆرەپ شۇ دەمدە.



# چېقىلىش

دولقۇنلۇق دېڭىزدا سۈكۈتۈمنىڭ
چېقىلدى ئاسمان،
پارچىلاندى يۇلتۇزلار.

ئەينەك بولدۇم،
يېشىندى ئالدىمدا دۇنيا،
چېقىلدىم،
پارە-پارە بولۇپ چېچىلدىم.



www.uyghurkitap.com

# تاڭ

ئويغاتتى مېنى ...
كۆردۈم چۈشۈمنى، سايرايدۇ
دېرىزەمدە.
ئەكېلمەن
تاڭنى
قۇلىقىدىن سۆرەپ شۇ دەمدە.



# چېقىلىش

دولقۇنلۇق دېڭىزىدا سۈكۈتۈمنىڭ
چېقىلدى ئاسمان،
پارچىلاندى يۇلتۇزلار.

ئەينەك بولدۇم،
يېشىندى ئالدىمدا دۇنيا،
چېقىلدىم،
پارە-پارە بولۇپ چېچىلدىم.



## چۈقان

نە قىلدى تەڭرى؟
نىچۈن تۇ تۇلۇغ؟
مەن ياراتتىم مۆجىزىلەرنى
قىلىپ كۆپۈرلۈق!

ئىزىقتۇردۇم «ئادەم» نى،
پەيدا قىلدىم ئالەمنى.



# قۇشلار

ئاشكارىلايمەن
قۇشلار تىلىدا
پەسىللەرگە سىرىمنى.
ياساپ كەلدىم خۇشلۇقۇمنى
خۇشلۇقىدا قۇشلارنىڭ.
ئۇخلاپ قالسام چاڭگىلىرىدا،
چۈشەيمەن
ئۇلار دائىم چۈشگەننى.
مەن ئۇغۇلدۇم ئۇلارنى دەپ،
قۇشلارمۇ
ئۇغۇلدۇ ئارمانىمدا.

ئەي، سەن خۇدا...!
ئەكەت مېنى بۇ دۇنيادىن،
قالسا ئۈزۈلۈپ
ناخشىلىرى قۇشلارنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قول

ماڭمەن سۆرەپ
كىشەن زەنجىرلىرىدەك
پۇتلىرىمغا باغلانغان ئىزلىرىمنى.

باغلاپ كۆزۈمنى
سۆرەيدۇ تۇپۇق.



# ئابىهايات

قاتلاپ يوللارنى،
قىسسىپ قولتۇقفا،
يۈرۈپ كەتتىم مەن
قاراپ ئۇپۇققا.
غايىب بولىمەن
لاۋۇلداق ئوتتا،
پەيدا بولىمەن
ئابىهاياتتا...



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ھەر ئاخشىمى

ھەر ئاخشىمى
دېرىزەمگە يېقىنلاپ گۈگۈم
يىغلايدۇ ئۆكسۈپ...
كىرىدۇ ئاي
قىيا ئېچىپ ئىشىكىمنى.
قولاق سالار تاڭ ئاتقۇچە
شىبىرلىرىمغا.
ئۇنتۇپ كۆلداندا موخۇركىسىنى،
چىقىپ كېتەر
ھارغىن،
ئۇيقۇلۇق...



## شەھۋەت بەندىسى

خالتا كوچىغا سۆرەپ چىچىدىن
تەگرى شەھرىدە،
تەگدىم
نومۇسىغا
شىشىرنىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاشىق لىرىكىسى

1

تۇپۇق...
كۆگۈم قوينىدا نۇر.
مەڭزىدە تامچە ھەشقىپچەكنىڭ،
چىمەنلەردە يېشىل يامغۇر.

2

تۇغۇلدۇم،
كۆگۈم بىلەن قوشكېزەك ئىدىم.
قوشاق ئېيتتىم يامغۇرنى كۈيلەپ
باللىق چېغىم...
شولا كۆرسەم يىراقتىن
يۈگۈردۈم ئاڭا.
ئاشىق بولدۇم قۇشلارغا،
قۇشلاردەك،
ئۇچسام دېدىم يىراقلارغا.
تەردىم سۆگەتنىڭ
تۈكلۈگەن ياپراقلىرىنى ئۆستەڭ بويىدا.

كۆردۈم چۈشۈمدە يۇلتۇزلارنى
تۇخلاپ قالسام گۈگۈم قوينىدا.

3

تۇيۇقتا نۇر...
مەگزىدە جىلۋە ھەشقىپچەكنىڭ.
سىگىپ كەتتىم تۇپراققا،
يەر ئاستىدا قۇچاقلاپ مىنى
سۆيىدۇ يامغۇر.



# ئانا لىرىكىسى

1

ۋاقىت ھۇقۇشىمۇ قونغان
شىبخىغا لىۋىڭنىڭ؟
تۆچتىمۇ ئېلىپ
قالدۇقنى مارجانلىرىڭنىڭ؟

2

ئوقۇپ چىقتى شامال
قانچە چۆچەكنى
نامازشامگۈلدەك سولغان كۆزۈڭدىن؟

3

ئېيتقىنا نېچۈن
تاتىرىدۇ قارنىڭ يۈزى،
باقىنىدا ھەر قېتىم
ئاقلىقىغا چېچىڭنىڭ؟

## 4

راستمۇ ئانا،
داغ چۈشتى دەيدۇ
يۈزىگە ئاينىڭ،
ئارمىندا
ئۈچۈپ كەتكەن گۈزەللىكىنىڭ؟

## 5

بىر كۈن،
ئىزدەپ كەلسە سىبنى پەرىشتە،
كېتەرسەنمۇ ئېمىتكىلى
باللىرىنى جەننەتنىڭ؟
يىغلارمىكىن پەرىزات
ئۈتۈنۈپلىپ قۇياش كەينىگە،
رومال قىلسام دەپ
كېپىنىڭنى...

## 6

ئانا!
كۈتۈرەلمەس قەبرەڭنى تۇپراق!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پەسىللەر لىرىكىسى

1

باھار
ياسانچۇق قىزچاق،
ھە دېسىلا
چىپىلىدۇ سىنى بىزەشكە.
ئۇ بىلىدۇ گۈزەللىك نېمە؟!
ئەپسۇسكى،
پەتمەيدۇ قۇربى
سۇنغان كۆڭۈلنى تۈزەشكە.

2

ياز
ھامىلدار كېلىن،
كۆتۈرىدۇ بەخت بېغىشلاپ
ھەسەن - ھۈسەننى قورسىقىدا.
ئۇ بىلىدۇ سائادەت نېمە؟!
ئەپسۇسكى،

چۈچۈتىدۇ بۇلۇتنى،
يىغلىتىدۇ ئاسماننى
قايغۇلۇق تولغىقىدا.

3

كۆز
مېھرىبان ئانا،
چولپان بىلەن تەڭ ئويغىنىپ،
ئېمىتىدۇ بالىسىنى.
ئەجەب تولا تۈنىڭ بالىسى،
تۈ بىلىدۇ شەپقەت نېمە؟!
ئەپسۇسكى،
چىقتى ئېسىدىن
كوچىلاردا ئاچ قورساق
تۈخلاپ قالغان كۆز قارىسى.

4

قىش
دۇمچەيگەن موماي،
قۇرۇق جىسمىنى يوشۇرۇپ
ئارتىۋالىدۇ ئاق رومالىنى،
تۈ بىلىدۇ نەپرەت نېمە؟!
ئەپسۇسكى،
كايىشىدۇ ئاڭا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نادان نەۋرىلىرى،
تۇتۇپ قاغىشقا مىسكىن ھالىنى.

5

باھار
ياز
كۈز
قىش...



## ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى

تۇپراق تۇغدىمۇ سېنى؟
ياكى تۇپراق تۇرەلدى سەندىن؟

1

بولەپ سېنى يىلتىزىغا
باقتى مەجنۇنتال.
قىش كۈنلىرى،
دەريا ئۇتۇن تەردى ئورماندىن.
تۇخلار ئىدىڭ تون بىلەن بىللە،
ئۈزۈلمەس ئىدى
ئۈزۈك - ئۈزۈك ئەللەيلەشلەر.

2

تۇغۇلدىڭ
توپلاشتى چۆرەڭگە يۇلتۇزلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەسىللەر سېنى تە ـ تە قىلىشتى،
ۋىلىق ـ ۋىلىق كۆلە تىتىك.
كەلدى ئالدىڭغا يۈگۈرۈشۈپ
گۈل ـ چېچەكلەر.

3

چىقتىڭ كوچىغا
كىيىپ ئۇچاڭغا ھەسەن ـ ھۈسەننى.
دېرىزىلەر ئېچىلدى ساڭا،
رەستىلەر
يۈگۈرۈشۈپ كەلدى ئارقاڭدىن.

4

قۇشقاچلار
چاڭگا قىلدى چاچلىرىڭنى.
ھەسەل ھەرىلىرى
ئۇچۇپ كېلىشتى لەۋلىرىڭگە،
تۇنلەرمۇ
كۆچۈپ كەلدى كۆزلىرىڭگە.

5

كۆزۈڭدە ئاي،
ئاي...

بۇلۇت ئزدەپ چقار سەپەرگە،
قالار ئارقدا قاقاس تاغلار
پۇلاڭلتپ قوللرنى،
ۋادلرنڭ چاقماققا تەشنا،
يامغۇرغا تەشنا.

6

ئاۋازڭدن پۇراپ تۇرار
ئۈزۈگۈمنڭ كۆيگەن قبنى.
دولقۇنلارنڭ ھۇۋۇلاشلرى
ئاۋازڭدا.

7

ئوڭ قولۇڭدا
كبپەنسز قەبرلەر،
ئۇندا چۆچەك
ئۆلتۈردۇ دۇئا قلپ.
سول قولۇڭدا بۆشۈكلەر،
ئۇندا ئانا
تەۋرتدۇ ئەللەيلتپ.

8

سەن كۆز يۇمساڭ

كۆتۈردۇ ئۇت پەسىل جىنازاڭنى.
يىغلاپ كىبلەر تاۋۇت كەينىدە
بارچە دەرەخلەر.

* *

ئۇيغۇر قىزى
قەبرەڭ قۇياشتا!



## بالىلىق لىرىكىسى

مەن ئىزدەيمەن بالىلىقىمنى...
ئۇيقۇدا ئىدىم
تاشلاپ قويۇپ مېنى يالغۇزلا،
كەتتى يىراققا.
ئۇچۇپ كەتتى ئەگىشىپ ئاشۇ
قۇشقاچلىرى چۈشۈمنىڭ.
تەبەسسۇمىم
توزۇپ كەتتى لەۋلىرىمدىن.

مەن ئىزدەيمەن بالىلىقىمنى...
سورىدىم يوللاردىن،
يۈرۈپ كەتتى يوللار چاقىرىپ،
ئىزدەپ ئۇنى.
سورىدىم شامالدىن،
كەتتى شامال دېرىزە چېكىپ
ئىزدەپ ئۇنى.
سورىدىم يامغۇردىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىرىپ كەتتى يامغۇر تۇپراققا،
ئىزدەپ ئۇنى.
سورىدىم ئايدىن،
كەتتى ئايمۇ يىراق كۆكلەرگە،
ئىزدەپ ئۇنى.

مەن ئىزدەيمەن بالىلىقىمنى...
قايتتى يوللار،
ئېلىپ كەلدى ئىزلىرىنى.
قايتتى شامال،
ئېلىپ كەلدى ناخشىلىرىنى.
قايتتى يامغۇر،
ئېلىپ كەلدى كۆز ياشلىرىنى.
قايتتى ئاي،
ئېلىپ كەلدى تىنىقلىرىنى.

مەن ئىزدەيمەن بالىلىقىمنى...
كېتىپتۇ ئۇ ئورماندىن،
ئۇخلاپ ئۇندا بىر كېچە.
كېتىپتۇ ئۇ دېڭىزدىن
چۆمۈپ ئۇندا بىر قېتىم.
كېتىپتۇ ئۇ بۇلۇتتىن
تاراپ ئۇندا چېچىنى.
كېتىپتۇ ئۇ تۇپۇقتىن
ئارقىسىغا بىر قاراپ...

مه ن ئىزده يمه ن باللىقمنى...
باهاردىكى گۈلمدۇ ده يمه ن،
يازدىكى باشاقمدۇ ده يمه ن،
كۈزدىكى غازاڭمدۇ ده يمه ن،
قىشتىكى قارمدۇ ده يمه ن،
ئوتمدۇ ده يمه ن،
سۇمدۇ ده يمه ن...
مه ن ئىزده يمه ن باللىقمنى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# رەڭلەر لىرىكىسى

1

خانتەڭرىگە باقتىم
كۆز ئالدىمدا رەڭلەر شاھلىرى،
چوققىسى ئاق،
قارا تاغلىرى،
يېشىل ۋادىلار.

2

چوققىغىلا ياغىدۇ دېمە،
قار ياغىدۇ چاچقىمۇ.
بەزەن
كۆردى قىشنى يىلدا ئىككى رەت
بىزنىڭ بوۋىلار.

3

دولقۇن يۈرەك
ئۇيغۇر ياشلىرى.
بۈركۈت قىزغانغان كۆزلىرى قارا،

قارا ھەمدە چاچلىرى.
تۈغدى تۈلارنى قارا تولغاقتا،
قارا كۆزگە ئامراق ئانىلار.

4

بارمۇ خۇشاللىق ئويۇندىن ئارتۇق؟
كارى نىمە
يىتىپ كەتسە ئاياغلىرى.
سەن ئوينىمىغاننى ئوينايدۇ تۈلار،
قالامدۇ ئەستە
ئانىلارنىڭ تاياقلىرى.
تۈلار
يىشىل باللار.

5

ئەتە...
سەھەر تۇرۇپ باقىسىمدا،
سىزار يۈزۈمگە ئانار چېچەكلىرنى،
تاڭ شەپقىگە بۆلەنگەن
ئاق چوققىلار،
قارا تاغلار،
يىشىل ۋادىلار.

## يامغۇر لىرىكىسى

1

يىراق تۇپۇقتىن
ئۇچۇپ كەلگەن بۇلۇتلار
سۆيگۈسىمۇ يەرگە دېگىنىڭ؟

2

ئۇنچىلەر
تۆكۈلدى يەرگە تاراسلاپ.
تۇرۇپ دىماققا
ھىدى كېلىدۇ تۇپراقتىن.
ھىدى ئەمەس تۇپراقنىڭ،
ۋە يا يامغۇرنىڭ،
ئۇ كېلىدۇ
ئىككىسىنىڭ قۇچاقلىشىشىدىن،
مېھرى بىلەن سۆيۈشۈشىدىن.

3

دېڭىزنىڭ كۆز يېشى بۇ،
قايغۇلۇق كىرپىكلەرنى نەملىگەن.
سىڭىپ كەتمەكتە
قۇياش كۆيدۈرگەن، قەبرىلەرگە.
قاچانقى قەبرىلەر بۇ؟
كىم تاشلىغان ئاڭا
يەتتە كەتمەن سېرىق توپىنى؟
كىملەر ئۇخلايدۇ ئۇندا،
يەنە ئۇخلايدۇ قاچانغىچە؟
قايسى قىز،
قايسى كېلىن،
قايسى ئانا
ئاچچىق تولغاق يېگەن ئۇلاردىن؟
يامغۇر بۇنى بىلمەس تېخىچە...

4

قۇياش نۇرى
تارتىلدى يەرگە يىپەك يىپ بولۇپ،
ئەتلەس توقۇغاندەك.
ئاسماندىكى ھەسەن - ھۈسەن
تويلۇقمۇ سېرىق تۇپراقنىڭ

www.uyghurkitap.com

5

داڭگالنى يېرىپ چىققان قىزىلگۈل
مەڭزىدە شەبنەم يالتىرايدۇ.



## تاغ لىرىكىسى

ئېرىمەس قارلار
سەللىمىدۇ تۈگمەيدىغان.
چوڭقۇر جىرالار
قورۇقلارمۇ قالغان
تۈزاق تارىختىن؟
ئاپئاق بۇلۇتلار
كەڭ ئېچىلغان ئالقانلارمىدۇ
دۇئاغا؟

يېشىل ۋادىلار
جايىنامازمۇ قالغان تەۋەررۇك
مەجھۇل بوۋىدىن؟
سوزۇلۇپ ياتقان ئىلى دەرياسى
قىلىچىمۇ خاسىيەتلىك
كۆمۈشتەك پارقىرايدىغان؟
جەننەت تىلەپ قىرىق قىزنىڭ،
ناماز ئوقۇمىدۇ خانتەڭرى شۇئان؟

# بۆشۈك لىرىكىسى

سۆگەتتىن ئويۇلغان،
چىرايلىق ياسالغان
بۆشۈك بۇ.
تەۋرىتىدۇ ئانا —
يۈزىنى قورۇق باسقان،
بېشىغا قار ياغقان.
سەن ياتقان،
مەن ياتقان
بۆشۈك بۇ.
كۆرمەي تۇرۇپ
ئاينى،
قۇياشنى،
تۈننى،
كۈندۈزنى،
مۇڭلۇق ئەللەيلەشنى ئاڭلىغان،
بەزەن كۈلۈپ،
بەزەن يىغلىغان.
كىچىكنى چوڭ قىلغان،
ئەتىرنى ئوك قىلغان —

بۆشۈك بۇ.
تېخى تونۇگۈنلا
ياتمىغانمىدى ئۇندا
«دىۋان»نى يازغان؟
سادىر پالۋان...؟
تېگى يۇمشاق،
مېھرى ئوچاق —
بۆشۈك بۇ.
توختاپ قالدىڭمۇ تەۋرەشتىن،
ئاچچىق يىغلايدۇ يېڭى بوۋاق.
قېنى سەن ئانا؟!
مەشغۇل قىلدىمۇ سېنى
ئوتنى تۇلغايتماق،
بولماق قايناتماق؟!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تاۋۇت لىرىكىسى

1

قەبرى قۇياش
ئالدى ئۆزىنى بۇلۇت كەينىگە
ئۇرسىز ۋە غەمكىن.

2

ئاق باغلىغان بالا
يىغلاپ كېلىدۇ تاۋۇت ئالدىدا.
سۆگەت شېخىغا قونغان قۇشلار
تەكرارلايدۇ قوشاقلىرىنى:
جېنىم دادا،
جېنىم بىلەن كەتكەن دادا...

3

ئاق ماتاغا ئورالغان ۋۇجۇد
ئېيتالىغانمىدۇ ئارمانلىرىنى
يېتىم بالىسىغا؟

غۇنچىدەك يۇمران لەۋلىرى
سۆيەلىگەنمىدۇ
يىللار خەنجىرى تىلغان ماڭلايدىن
ئاداققى سۆيۈشنى؟

4

توپا - چاڭدا،
ئويۇن ئويناپ تويماس بالىلار
چىمچىقلىشىدۇ بۈركۈت كۆزلىرىنى
قاراپ تاۋۇتقا.
نېمىلەرنى ئويلايدىغاندۇ؟
بىر - بىرىدىن
نېمىلەرنى سورايدىغاندۇ؟

5

مۇڭلۇق، سۈرلۈك قەدىمىي ئاھاڭ
تىترەتمەكتە قەبرىلەرنى،
غۇلاتماقتا ئەسىرلەرنى...

## مالايلار لىرىكىسى

باقىنىمدا تۇنجى رەت كۆككە،
توۋلىدىم:
دادا...!
يۈرەر ئىدى ئۇ
يەلكىسىدە يۈدۈپ قۇياشنى.
باقىنىمدا تۇنجى رەت كۆككە
توۋلىدىم:
ئانا...!
يۈرەر ئىدى ئۇ
باش ئۈستىدە كۆتۈرۈپ ئاينى.



## مەلىكە لەرىكىسى

1

مەلىكىسى ئەرىشىنىڭ
مەلىكە ئامانىسا.

2

تولۇن ئاينىڭ كىرپىكلىرىدە
مەخمەل كۆرپىسى.

3

قالغىنىدا تۆخلاپ ۋادىلار
تۆچۈپ چۈشەر تارىم لېۋىگە.
يۈيىدۇ قول ياغلىقىنى
سۈزۈك سۈيىدە.

4

قەيەردىندۇ،
داۋالغۇيدۇ ئىشرەت كويلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئېقىپ چۈشتى كۆكتىن
بىر يۇلتۇز
بولۇپ سەۋدايى.

5

ئاي يول ئالسا ئۆپۆققا،
مەلىكە
مۆكۈندۇ قۇياش كەينىگە.



## لىرىكا

1

كۆكرىكىم قەپەس،
يۈرىكىم
تىپىرلايدۇ، قانات قاقىدۇ.

2

كۆزلىرىم ھارغىن،
يىراق ئۈپۈقتا تونەپ ياتىدۇ.

3

ئۈچقۇر شامال مېنىڭ خىيالىم،
قونۇۋېلىپ دولقۇنغا،
ئەسنىگەن قىرغاقتا كۆپۈك چاچىدۇ.

4

تەكرارلانغان چۈشۈم ئولتۇرار

www.uyghurkitap.com

مەجنۇنتالغا يۆلىنىپ.
قىرى دەريا غەمكىن ئاقىدۇ.

5

مۆكۈندى نەگە؟
پىچىرلىشىپ قالدى يۇلتۇزلار.
چىقىۋالدى ئاسمانغا كۆڭلۈم،
بەلكى
ئايدىن
نۇرلۇق
ياندۇ...



## دىلبەر لىرىكىسى

1

ۋەھىم كۆلى ئىكەن كۆزلىرىڭ،
چۆكۈپ كەتتىم.
ئۇنىڭ چەكسىز چوڭقۇرلۇقىدا
يىتىپ كەتتىم.
ئەيتقىنا، نېچۈن
غېرىبسىنىپ يۈرمىدىم؟
سوراپ كەلسە ئانام،
دەپ قويغىن:
باشقا يەردىن ئىزدەڭ،
كۆرمىدىم...

2

تامچە يىشىلىڭ
ئېقىپ چۈشسە مەڭزىڭگە،
تۆلتۈرسەن مېنى ئىككى رەت.
ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەسرەت ئىلكىدە
كۆكتىن يەرگە تاشلار ئۆزىنى.
ئۆچەر يۇلتۇزلار،
كۆيەر ئوكيانلار...
ۋەھىمىدە تىترەپ تەڭرىمۇ
يۇمۇۋالار كۆزىنى.


3

قەدەھ قىلىپ قۇياشنى،
ئۇتاي ساڭا
شاراب قىلىپ بوغدا كۆلىنى.
بولسۇن سېنىڭ مامۇق ياستۇقۇڭ
بوغدا چوققىسى.
مەخمەل كۆرپە قىلىپ تەكتىڭگە
سېلىپ بېرەي تارىم چۆلىنى.
ئۇخلاپ قالساڭ،
ئايدەك تونەپ چىقسۇن بېشىڭدا
كۆڭلۈم مېنىڭ.
پەقەت بىر قېتىم
كىرىپ قالسام چۈشۈڭگە سېنىڭ.

# دولقۇن لىرىكىسى

دولقۇن كۈيلەيدۇ،
دېڭىزنى
تاڭ شەپىقى ئالسا قوينىغا.
دولقۇن ھۇۋلايدۇ،
گۈگۈم
تىرناق ئۇرسا ئۇپۇق بوينىغا.

ئەگەر بولسا بالىلىق چېغىم
شۇ دەقىقە
يىغلار ئىدىم دېڭىز ئۆلدى دەپ
دولقۇننى كۆرمىسەم.



www.uyghurkitap.com

# كېچە لىرىكىسى

يۇلتۇزلار
ناخشىلىرى ئانامنىڭ
بۆشۈكۈمدە ئەللەيلەتكەن.
ئاي
چۈشۈمدۇر مېنىڭ
ئاسمان ئەينىكىدە ئەكس ئەتكەن.

كېچە
ئانام غېمىنىڭ قالدۇق كۆيۈكى.

# باهار لىرىكىسى

باھار
شۇ كەپسىز بالا،
ئويغىتىدۇ زېمىننى
چىغ تىقىپ قۇلىقىغا.
پاراقلاپ كۈلۈپ
سۇ چاچىدۇ يۈزىگە،
ئىبسىم رەسىملەردە
ئۆگدەپ قالغان خاتىرىلەرنىڭ.

بىچارە
ئازابلىنار قانچىلىك،
بىلسە ئەگەر يېتىملىكىنى؟!

www.uyghurkitap.com

# يىغا لىرىكىسى

يىغلىسام
ئەمچەك سالاتتىڭ.
يىغلىسام
ئالاتتىڭ مېنى قۇچىقىڭغا
يىنىك پەپىلەپ.
يىغلىسام
سالاتتىڭ ئاغزىمغا ئاغزىڭدىن
بارچە تاتلىقنى.
سەن بىلەتتىڭ
ئىلىپبەسىنى يىغامنىڭ.
ئەمدىچۇ، ئانا،
يىغلىسام ئۆكسۈپ
دومىلايدۇ مەڭزىڭدە دۇنيا،
نە قىلارىنى بىلمەيسەن لېكىن...

# سېنى سورايمەن

ئاخشاملىرى چىقىپ تالاغا،
قەلبىمنى پاك ھېسقا ئورايمەن.
مەغرىب تامان ئۇچقان شامالنى،
ھۇزۇرلىنىپ ئۇزاق پۇرايمەن.
شەبنەم تامغان كىرپىكلەر ئارا،
مېھرىم بىلەن ئايغا قارايمەن.
ئاسمىنىڭنى كەزگەن شۇ ئايدىن،
تۇپرىقىڭنى سۆيگەن شامالدىن،
ئاھ، ۋەتىنىم، سېنى سورايمەن!



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئەنجۈر

ئەنجۈر
تېگىشمەيمەن سېنى ھېچقاچان،
بەرىسمۇ ماڭا
يۇلتۇزلارنى،
ئاينى،
قۇياشنى.
تۇنجى قېتىم سۆيگەن لەۋلەردىن
يۇرىغانمەن،
سەندىكى تۇ يۇراقنى.
ئەنجۈر... ئەنجۈر...
قارىچۇقۇمغا سۇرتتۇق ئىككى رەت
ئەنجۈر لەۋلەرىنىڭ
كىندىك قېنى ئاققان تۇپراقنى.

## ئاي تۈنەيدۇ بۇلاقتا

ئاچتىم ساڭا دېرىزەمنى،
يۇلتۇزلاردەك يورۇتسۇن دەپ
كۆزلىرىمنى چاچتىم يولۇڭغا.
شامال تىترەتكەن نازۇك ياپراقتەك
ۋۇجۇدۇمنى ئالغىن قوينۇڭغا.
تەشنا باقتىم،
ييراقلاردا گۇلخان ياندۇ،
يۈرەك ئاسمىنىدا
سۆيگۈ، ئۈمىد، ئارمان ياندۇ.
يۇلتۇزلارنى تاشلاپ تولۇن ئاي
ئولتۇرىدۇ بۇلاق بېشىدا.
كەلگىن جېنىم،
سىردىشايلى
سۆھبەت قۇرۇپ ئۇنىڭ قېشىدا.
قويۇۋەتمە ئايىنى گۈزىلىم
كېچىنى ئۇ ئېلىپ قاچىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇزۇپ شېرىن سۆھبىتىمىزنى
قۇياش يەنە كۆزىنى ئاچىدۇ.
گۈلخان يانار يىراقتا،
ئاي تۈنەيدۇ بۇلاقتا.

# شەبنەم

چۈشتى مەڭزىمگە سۈزۈك شەبنەم،
دېدىم:
مەن گۈل ئەمەس، بۇرادەر!
شەبنەم دېدى:
نەدىن كېلەتتىم
بۇ تاڭ پەيتى
سېغىنمىساڭ يۇرتۇڭنى ئەگەر؟

# يوپۇرماق

يوپۇرماق...
پۇراپ تۇرار ئاغزىدىن
كۆكلەم سۈتى.

قۇرت...
كۆكرىكىگە مەھكەم يامىشىپ
يېمەكتە ئۇنى.
ئورمان...
گۆڭگۈم قوينىدا ئۇخلايدۇ.

باھار...
ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## قەبرە تېشسمغا

بۇ قەبرگە كۆمۈلگەن ئنسان
پۈتۈن ئۆمردە
سەجدە قلغان قۇياشقا.
كۆندۈرمسگەچ ئۇنى ئانسى
قاراڭغۇدا ياشاشقا.
ئۇ سۆيەتتى هايات چېغدا،
قارلغاچتەك
پېشايۋانغا ئۇۋا ياساشنى.
قۇلقنى يېقسپ كاتەككە،
ئۆگنەتتى خورازدن
ئۇيقۇنى بۇزۇپ چللاشنى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كېپەن ۋە يۆگەك

كېپەن
رەھىمسىز شۇنداق،
ئۆلجىسىدۇر ئۇنىڭ ھەر كىشى.
يىغلىما بۇنچە...
ئانىڭ تىككەن يېڭى يۆگەكنىڭ
شادلىقىغا قالسۇن كۆز يېشى.
سوۋغا بولسا كېپەن ئەجەلدىن:
يۆگەك تىكىپ ياندۇرۇپ كەلدى
ئانىلارمۇ ئاڭا ئەزەلدىن.



# شامال ۋە ئاي

ھېلىغىچە
تارىم چۆلىدە
داپ ئۇسسۇلى ئوينامدۇ شامال؟
ئولتۇرامدۇ تولۇن ئاي
بوغدا كۆلىدە
چاچلىرىنى ئۆرۈپ قىرىق تال؟



# مىڭ بىر كېچە خاتىمىسى

بەس، شەھرىزات، يېتەر چۆچەكلىك،
كېتەي پۈتمەس ۋەھىم ئىچىدىن.
قۇياش يانغان نۇرلۇق بىر كۈندۈز،
ئارتۇق ماڭا مىڭ بىر كېچىدىن.



## ناخشا ئېيتىپ كېلىمەن ئانا

ھېلىغىچە،
كارۋان قوڭغۇراقلىرىدەك
جاراڭلايدۇ قۇلىقىمدا
پەرىشان ئەللەيلەشلىرىڭ، ئانا.
يوقاتمىدى قەلبىم تېخىچە
تولغىنىشىڭنىڭ ئاچچىق تەمىنى.
كەلدىم دۇنياغا
يۇدۇپ يەلكەمگە ئۈمىدلىرىڭنى.
بۆشۈكۈمدىلا تۇيغانىدىم
ئېغىرلىقىنى بۇ دۇنيانىڭ.
شۇڭا، ئانا
ئەمچىكىڭنى چىشلىدىم قاتتىق.
بىر دانە ئۇغلۇڭمەن، بىر دانە...
يۇلتۇز ساناپ چوڭ بولغان.
يامغۇر ياغسا
يۈگۈرۈپ چىقتىم كوچىغا،
چاۋاك چالدىم ياپراقلار بىلەن،
ناخشا ئېيتتىم شاماللار بىلەن...
كۆنلەرىڭ بىرىدە،

مه‌هه‌للده كۆرمىدىڭ مېنى،
ياشلىق بىله‌ن
يۈرۈپ كه‌تتىم تۈزاقلارغا.
تۈنجى قېتىم كۆردۈم تاغلارنى،
بىقىپ چوققىلارغا،
خىيال قىلدىم ئاق چېچىنى بوۋامنىڭ.
ئوقۇپ به‌ردى ماڭا ئورمانلار
كىتابلاردىن كۆز هه‌ققىده،
ئه‌سله‌پ به‌ردى
ئۆمىد ئۆزۈپ بۇ دىياردىن
تۈچۈپ كه‌تكه‌ن قۇشلارنى.
مۇڭداشتىم تۈزاق
كېزىپ يۈرگه‌ن بۇلۇتلار بىله‌ن.
ئوقۇپ به‌ردى بولۇتلار ماڭا
شېئىرلىرىنى چاقماقنىڭ.
مه‌جنۇنتالغا يۆلىنىپ غه‌مكىن،
قۇلاق سالدىم
هېكايىسىگه قېرى ده‌ريانىڭ.
خىياللاردا ياقتىم
يۇلتۇزلارسىز تۈتۈق ئاسمانغا،
خىياللاردا
چىقتىم ئارىلاپ قه‌برىله‌رنى...
كېلىمه‌ن ئانا
ناخشا ئېيتىپ مۇڭلۇق ئاهاڭدا.
هېرىپ قالسام،
ئۆگده‌يمه‌ن بۇلاق ئىچىده.

چۈش كۆرىمەن قۇشقاچلاردەك،
بەزەن قارا باسىدۇ مېنى.
ئۆرەلمەيسەن چۈشلىرىمنى
بۇرۇنقىدەك
ئەمدى،
ئانا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يېڭى چۆچەكلەر

1

شوخ بالا
ئوغرىلاپ ئانىنى
يوشۇردى بوغچىسىغا.
تون
ئويغاندى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن،
كېزىپ چىقتى گاس كوچىلارنى
مۈكلۈك چاقىرىپ:
قېنى سەن، بالام!

2

ئەركىنلىك
مەست بولدى شاراب ئىچىپ،
كوچىدىلا ئۇخلاپ قالدى تۈن.
ئېلىپ قاچتى ئۇنى يۇلتۇزلار،
شۇندىن بېرى
پەيدا بولدى ئاسماندا
قۇياش.

3

هارغىن ئاي
ئۇخلاپ قالدى بۇلۇت ئۈستىدە،
قارا باستى ئۇنى.
چۈشتى يىقىلىپ يەرگە ئاسماندىن،
شۇ كېچىسى
ئاچچىق يىغلاپ ئۇغۇلدى لۇتۇن.

4

ئاي
مەستلىكىدىن
ھۇجرىسىغا كىردى قۇياشنىڭ.
سۈرگۈن قىلدى ئۇنى شۇ كۈنى
سەييارىلەر قەبىلىسى
يىراق تۇنلەرگە.

5

توختىتىۋېلىپ بۇلۇتنى
سورىدى چوققا:
پەرىشانغۇ سەن؟
دېدى بۇلۇت ئېغىر ئۇھ تارتىپ:
ئۆلدى دېڭىز...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قوشاق

بالا ئىدىم — خۇش ئىدىم،
بالا ئىدىم — شوخ ئىدىم.
يىتىپ كەتتى خۇشلۇقۇم،
باقىۋەندە شوخلۇقۇم.



## ئويلىنىش

1

بۇلۇت
دىۋانىمۇ كۆزلىرى كۆرمەس؟
تۈنىڭ يالغۇز بالىسىمۇ
قولىدىن يېتىلەپ كەلگەن شامال؟
يوقمۇ ئېيتقۇدەك
گۈلدۈرمامىدىن باشقا ناخشىسى؟
توختىسا
بوسۇغىدا ھەر يۇرتنىڭ،
تۆكۈلىدۇ كۆز ياشلىرى
نېچۈن بۇ قەدەر؟

2

يوللار
نېچۈن تارتىدۇ قولۇمدىن،
ئاشكارىلىماستىن ماڭا سىرىنى؟
يوقمۇ ماكانى ئۇپۇقتىن يىراق
مېنى ئېلىپ سەيلە قىلغۇدەك؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

3

قانداق ئۈچمەنلىك ئۇ ئۇتگمەيدىغان
ئارىسىدا
كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ؟
شەپەق
قۇربانلارنىڭ قېنىمۇ
جەڭ مەيدانىدا يېقىلغان؟

4

پوپمىدۇر خانتەڭرى؟
مۇنبىرىمۇ ئۇنىڭ ۋادىلار؟
كرېستىمۇ
تەۋرەپ تۇرغان بۇلۇتلار؟
سۈرلۈك ئاھاڭدا
ئوقۇيدۇ ۋاراقلاپ دېڭىزنى،
چېركاۋىمۇ ئۇنىڭ كائىنات؟

5

قاچانغىچە، قاچاندىن بېرى
ۋەتەن قىلسپ كېلەر ئىدى تاڭ
خورازلارنىڭ بوغۇزىنى؟

6

ھەر قېتىم،
قۇچاقلاپ يەرنى ھەسەن-ھۈسەن،
كوچەيدۇ ئۇنى كۆتۈرۈشكە.
نەگە ئېلىپ كەتمەكچىكىن؟

7

كېچە دېگىنىزمۇ؟
ئاي ئالتۇنبىلىق؟
ھەركۈنى
تۇتۇۋېلىپ ئۇنى ئوپۇق،
قويۇۋېتەر قايتىدىن.

8

زېرىكتىم...
يوقمۇ دېگىنىزنىڭ
دولقۇنلاردىن باشقا سۆزلىرى؟

9

ئەسىرلەر بىرى،
كۆيۈك چۆللەر كۈتەمدۇ مەندىن:
ئېلىپ كەلسەم تۆت پەسىلنى
بىرلەشتۈرۈپ؟

10

قاچانغىچە
سەرسان يۈرەر گۈل ۋە باشاق.
تۇ بۇياقتا،
بۇ تۇياقتا؟



## ئۇمىدلىرىم

ئۇمىدلىرىم
قوللىرىمدىن يېتىلىشىپ
ئاپىرار مېنى ھايات ئالدىغا.
تاشلاپ قويۇپ ئىككىمىزنى
سۆيۈشكەنچە
دەرەخ كەينىدىن
مارىلايدۇ ئۇمىدلىرىم . . .

www.uyghurkitap.com

# چوڭايماس خاتىرلەر

1

يىغلىدىم ئۆكسۈپ،
كۆرگەندە ئايىنى —
چۆكۈپ كەتتى بۇلۇتقا،
سوزۇپ قالدىم قولۇمنى ئۇزاق،
قۇتقۇزالمىدىم...

2

تېرىۋالغۇم كەلدى بىر كېچە
يۇلتۇزلارنى ئاسماندىن.
ساقلىدىم ئۇزاق،
يۇمماس ئىكەن كۆزلىرىنى ئاي،
يا ئۈگدىمەيدۇ.

3

بار ئىدى مېنىڭ
كىچىك دېرىزەم.

كبچىلىرى كۆرگەن چۈشۈمنى
سەھەر ئويغىنىپ
دېرىزەمدىن كۆرەتتىم.
بىر كۈنى،
كەلدى باھار قانغا بويىلىپ،
چېقىلدى شۇدەم
كىچىك دېرىزەم.

4

يازدىم قۇمغا:
چوڭ بولسام
شامال ئېتىمنى يازار دېگىنىزغا.
كەلدى شامال،
ئۇچۇرۇۋەتتى خېتىمنى.
يازدىم قۇمغا:
شامال خائىن!
كەلدى شامال،
ئۇچۇرۇۋەتتى خېتىمنى.
ئويدۇم تېرەككە:
شامال خائىن!
شۇندىن بېرى
تاتىلايدۇ شامال خېتىمنى،
ئۇچۇرەلمەيدۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بەزەن

بەزەن،
سەھەردە
چىقىپ كېتىدۇ شېئىرىم
يەلكىسىگە تاشلاپ چاپاننى.
قايتىپ كېلەر ئاخشىمى
بويلىپ قانغا
يۈز-كۆزى.

*　　*

بەزەن،
ئۇخلايدۇ بوران
كوچىدىلا
قويۇپ تاشقا بېشىنى.
كىرەر چۈشىگە
يىگىنا غۇچلار...

*　　*

بەزەن،
كۆرىمەن گۈگۈمنى بازاردا.
ئۆلتۈرىدۇ زوڭزىيىپ،
ئالدىدا
بىر دۆۋە يۇلتۇز.

*　　*

بەزەن،
كۆرىسەن بۇلبۇلنى ئۆلگەن،
باھار پويىزى ئۆزاپ كەتكەن
رېلىس ئۈستىدە.

*　　*

بەزەن،
ياتار شامال ئۆگزىدە
ئويلىنىپ:
نەدىن باشلىدى،
نەدە تۈگەيدۇ،
ئىستەيدۇ نىمە ؟؟؟


* *

بەزەن،
تۈنەپ چىقار خۇدا بىر كېچە
شائىر كۆزىدە.



# بالىلىقتىكى ۋەتىنىم

پۈرىدىم سېنى
ئەمگىنىمدە ئانام سۈتىنى.
ئۇچراتتىم سېنى
چۆچەكلىرىدە مومامنىڭ.
تەردىم
بارماقلىرىڭ ئىزلىرىنى
ھاسىسىدىن بوۋامنىڭ.
كۆز يېشىمغا يوشۇرغانىدىم سېنى،
سىڭىپ كەتتىڭ ياستۇقۇمغا،
سېنى يىراق ئورماندا دەپ
چۈشۈم ئېلىپ كەتكەندە مېنى.
قويدۇم يىتتۈرۈپ باللىقىمنى،
يىراق، تېخىچە
يۈرىمەن كۆتۈرۈپ ياستۇقۇمنى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىككى قۇياش قەسىدىسى

گۈزەللەردىن ئەمەسسەن جېنىم،
سەندە يوقتۇر گۈلنىڭ ياشنىشى.
ئاھۇ كۆزى ئەمەس كۆزلىرىڭ،
ئەمما ئۇندا نۇرنىڭ چاقنىشى.
بېزىمەيدۇ سېنى باش باھار،
توزۇتمايدۇ كەچ كۈز جۇدۇنى.
ئىككى قۇياش يانسا يۈزۈڭدە،
ئۇنىڭ ئەكسى تۇرسا كۆزۈمدە،
سۆيگۈمىزنىڭ نەدىكەن تونى؟!

## كشنه يدۇ يۈره ك

ئاشقنگمه ن ئۆنسز، ئۈمدسز،
تونۇمايسه ن لبكن سه ن مبنى.
چاچلرنگنى پۇرايمه ن په قه ت،
قۇچاقلايمه ن چۆشۆمده سبنى.
ته نها قالدىم ئايدنڭ كبچده،
سردشسم يوق شۇ ئايدن بۆله ك.
يايلقدا سۆيگۆگنڭ شۇده م،
ئۆزاق - ئۆزاق كشنه يدۇ يۈره ك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قاچان سۆيدۈم سىنى

جانان قاچان سۆيدۈم مەن سىنى؟
ئۈنجى باھار تۇغۇلغاندىمۇ؟
كۆيۈپ كۆكتە ئىلاھىي ھىجران،
ئاي ۋە قۇياش ئايرىلغاندىمۇ؟
جانان قاچان سۆيدۈم مەن سىنى؟
كۆزلىرىڭدە يۈيۈنار ۋىناس.
كىرپىكىڭدە ئۈگدەر قۇشلار،
ئۇخلىغاندا سىرلىرىڭ تىمتاس.
جانان قاچان سۆيدۈم مەن سىنى؟
چىچەكلەردىن كىبلەر پۇرىقىڭ.
يادلىشىدۇ ئىسمىڭنى سۇلار،
ئاڭلىنىدۇ يەردىن تىنىقىڭ.
جانان قاچان سۆيدۈم مەن سىنى؟
قانداق كىرىپ كەلدىڭ چۈشۈمگە؟
كەتتىڭ تاڭنى مەندىن ئۈزارتىپ،
سىبھرىي ناخشا بولۇپ كۆيۈمگە.
جانان قاچان سۆيدۈم مەن سىنى؟
تۈمەن يىللار ياشىدۇق گويا.
شائىرىڭمەن پەقەت لا سىنىڭ،

يۈرىكىمدە ئىلاھىي ئوقيا.
جانان قاچان سۆيدۇم مەن سېنى؟
تۆرەلدىممۇ سېنىڭدىن ياكى؟
ئاشىقىڭمەن پىنھان،
كائىنات —
ۋۇجۇدلۇقتىن ئۆچكىچە تاكى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## دولقۇنلايدۇ كۆزۈك

دولقۇنلايدۇ بىپايان كۆزۈك،
ئېزىپ قالغان يەلكەنمەن ئۆندا.
بورانلىرىڭ پەسەيمەس زادى،
ئاھ، ئاۋازىڭ ياڭرار شاۋقۇندا.
ئىستىمەيمەن قىرغا بېرىشنى،
ھايات - ئۆلۈم ماڭا بەرىبىر.
پاچاقلىنىپ دولقۇنلىرىڭدا،
ئاڭا چۆكۈپ كېتەرمەن ئاخىر.

## سۆرگۆن

ئۆزلرىنى ئالار ئۆلتۆرۆپ،
كۆكرىكىڭدە يىشىل دەرەخلەر.
چىقىلدۇ روھىم ئۆستىدە
بارمىقىڭدىن چۆشكەن قەدەھلەر.
تىرىپ كىلەر ئىزىڭدىن يوللار،
چۆشۆپ قالغان چۆچەكلىرىڭنى.
ئۆلۆپ قالار يۇمران چۆشلىرىڭ،
چىلڭ سىقىمداپ ئەمچەكلىرىڭنى.
سۆرگۆنۆڭمەن ئەبەدىلىك جىنىم،
ئىسيانىمدا كۆيلەيمەن سىنى.
چىچەكلىدى سىپىللىرىڭدا
چاچراپ كەتكەن سۆيگۆمنىڭ قىنى.
ئۆلۆمۆمدىن تۇرارمەن بەزەن،
ھەسرىتىڭنىڭ جىمغۇرلۇقىدىن.
چاچلىرىڭدىن سۆرەپ كىلىمەن،
زۇلمەتلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئىنتىزار

كۈزلىرىڭدە بارار يىراقلاپ
ھەسرىتىمنىڭ يېشىل بۇلۇتى.
ئېسىڭدىكى تامچە شەبنەمدە
يۇيۇندۇ سۆيگۈمنىڭ ئوتى.
ساھىلىڭدا كونا قولۇقىم،
ھېلىغىچە ئولتۇرار مۆڭدەپ.
توزان باسقان قوڭغۇراقلىرىم
چېركاۋىڭدا تۇرىدۇ ئۇنلەپ.
چۈشلىرىڭنىڭ شىلدىرلىشىغا
قۇلاق سېلىپ ياتار ئورمىنىم.
تۈمەن يىللار ساقلىدىم سېنى،
تۈن قوينىدىن كەلسەڭچۇ جېنىم.

# سادىر يېتىم قالغان بەش
# بالىسىنى ئىزدەپ

سادىر دەپ ئېتىم قالدى،
داڭزىدا خېتىم قالدى.
خېتىمنى ئوقۇپ باقساڭ،
بەش بالام يېتىم قالدى.

1

چېقىلدى زېمىن
ئالقىندا تەڭرىنىڭ.
شۇ مۇقەددەس تۇزان ئىچىدىن
قوپتى سادىر.

2

— سەجدە قىل...!

يۆكۈندى سادىر،
ماڭلىينى ياقتى تۇزانغا.

كۆتۈرگەندە بىشنى
غايىب بولدى تەگرى شۇ ھامان،
چاقتى چاقماق،
گۈلدۈرلىدى ئەرشئالا.
پەرىزاتلار
ئۈچۈپ ئۆتتى ئالدىدىن.
ئايغىغا تۆكۈلدى نۇرلار،
كۆزلىرىنى يۇمدى بىر ھازا.

3

— ئاچقىن كۆزۈڭنى...

سالام بەردى ئاڭا جەبرائىل،
ئېگىلدى سادىر
قوللىرىنى قويۇپ كۆكسىگە.
يايدى جەبرائىل ھەسەن - ھۈسەننى،
يورۇپ كەتتى سادىر ئۈستىدە
بىلدۈرۈپ ئاڭا
مىننەتدارلىق.

4

ھەسەن - ھۈسەندىن
چۈشتى مىڭ ئۆيگە.

كارۋان
غايىب بولغان ئاللىبۇرۇنلا.
مىڭ ئۆي —
چۈشۈپ قالغان مىڭ قوڭغۇراق،
تۇرار ئىدى جاراڭلاپ.

5

ئۆگدىدى
قويۇپ بېشىنى گۆگۈمغا.
ئۆچۈپ كەتتى كېپىنەك
كىرپىكىگە قونۇپ بىر ھازا.
تېمىپ كەتتى ئۆنىڭ رەڭلىرى
قارىچۇقىغا سادىرنىڭ.
رەڭلەر:
باھار،
ياز،
كۈز،
قىش،
بەشىنچىسى —
پەسىللەرنىڭ پىنھانلىرىدا
يىتكەن پەسىل.

6

— بالىلىرىم!
چاچراپ تۇردى سادىر ئورنىدىن.

تۈكۈلدى ئالقىنىغا
شاخلىرىدىن كىچىكنىڭ
بەش يۇلتۇز.

7

موللىتوختىيۈزىدە
ئۈچراشتى ئاڭا
قەبرە ئۈستىلۈك بىر بوۋاي.

— سادىرمۇ سەن؟
كەل ئوغلۇم
بالىلىرىڭنى كۆرستەي ساڭا.
بوۋاي
يېتىلەپ چىقتى ئۆيىدىن
بەش ۋاخ نامازنى.

8

ئۈستىدە
سادىر يۈزىنىڭ
چېقىلدى بوغدا.
توۋلارىدى ئۇ:
— بالىلىرىم...!!!

9

— دادا. . . !

يۈگۈرۈپ كەلدى ئالدىغا
كاۋاپدان.

كۆيدى زىختا پىژىلداپ
سادىر يۈرىكى.

قوشاق:
سادىر دەپ چۆچەك قالدى،
بىر ئوغلۇم گۆدەك قالدى.
ئوغلۇمدىن سوراپ باقساڭ
بىر زىخلا يۈرەك قالدى.

10

— دادا. . . !

ئۇچۇپ كەلدى ئالدىغا
شەپەرەڭ.

ئاستا ـ ئاستا ئۆچتى نۇرلىرى
سادىر كۆزىنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوشاق:
سادىر دەپ چىراغ قالدى،
بىر ئوغلۇم بوۋاق قالدى.
كۆزىگە قاراپ باقساڭ
بىر جوپلا كاۋاك قالدى.

11

— دادا...!

يۈگۈرۈپ كەلدى ئالدىغا
جۇدۇن.

تامچە ـ تامچە مۇزلىدى
سادىر قانلىرى.

قوشاق:
سادىر دەپ باھار قالدى،
ئوغلۇمغا تۇمار قالدى.
ئوغلۇمنى كۆرۈپ باقساڭ،
بىر قاقشال چىنار قالدى.

12

دادا...!

يۈگۈرۈپ كەلدى ئالدىغا
قەبرە
قەبرە تاشتا يېزىقلار:
«مىراس...مىراس...مىراس».

قوشاق:
سادىر دەپ نىدا قالدى،
بىر ئوغلۇم جۇدا قالدى.
ئوغلۇمدىن سوراپ باقساڭ،
بىر ئەكىس سادا قالدى.

13

— دادا...!

لەرزان باردىم ئالدىغا،
غۇۋا لەپىلدەپ.

چۈشۈپ كەتتى قەبرە
چوڭقۇر ئىچىمگە.

قوشاق:
سادىر دەپ ئىتىم قالدى،
بىر بالام يېتىم قالدى.
بالامدىن سوراپ باقساڭ،
تىنىدە تىنىم قالدى،
جىنىدا جىنىم قالدى.

14

چىقىلدى قەبرە
سۈكۈتۈمنىڭ تىرەن تەكتىدە.
تۈتەكلەرنىڭ ئىچىدىن
قوپتى سادىر.

15

— سەجدە قىل...!



责任编辑:
阿布都热合慢·艾白
艾尔肯·伊布拉音
责任校对:
阿布力孜·阿巴斯
封面设计: 夏迪耶

www.uyghurkitap.com

维吾尔姑娘的抒情诗 （维吾尔文）
艾合梅迪江·悟斯满 著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市建设路9号 邮编：830002）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷厂印刷
787×1092毫米 32开 3.25印张
1992年11月第1版 1992年11月第1次印刷
印数：1－3100

ISBN7－5371－1036－0／I·361 定价：1.80元

مۇقاۋىنى ئىشلىگۈچى : شادىيە ھاشىم

ھەر كۈنى سەھەر
ئۇۋىسىدىن چىقىدۇ يوللار
ئوۋلاشقا مېنى .

مەخلۇقمەن يوچۇن ،
سوئال ئۈنەر ماڭغان ئىزىمدىن ...

7 – 5371 – 1036 – 0 / I · 361

باھاسى : 1.80 يۈەن